# ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇلۇغ روھىنى جەزمەن مەڭگۈ داۋاملاشتۇرۇپ ۋارىسلىق قىلىپ، ئەۋلادمۇئەۋلاد ئەۋج ئالدۇرايلى

## ـــ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن دۆلەتتىن چىقىپ ئۇرۇش قىلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى ھەققانىيەتنىڭ غەلىبىسى، تىنچلىقنىڭ غەلىبىسى، خەلقنىڭ غەلىبىسىدۇر. بۇ ئۇلۇغ غەلىبە جۇڭگو خەلقىنىڭ ئورنىدىن دەس تۇرغاندىن كېيىن دۇنيانىڭ شەرقىدە قەد كۆتۈرگەنلىك خىتابنامىسى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشكە قاراپ ماڭغانلىقىنىڭ مۇھىم ئابىدىسى بولۇپ، جۇڭگو ۋە دۇنياغا نىسبەتەن مۇھىم، زور ھەم چوڭقۇر، ئۇزاق ئەھمىيەتكە ئىگە.

10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن دۆلەتتىن چىقىپ ئۇرۇش قىلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنى بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. باش شۇجى شى جىنپىڭ يىغىندا مۇھىم سۆز قىلىپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى ۋە غايەت زور تۆھپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەسلەپ ئۆتتى، خۇلاسىلىدى، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش روھىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى ۋە دەۋر قىممىتىنى چوڭقۇر شەرھلىدى، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىنىڭ تارىخىي ئىلھامىنى مۇپەسسەل كۆرسىتىپ بەردى، دۆلەتنىڭ زېمىنى، ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە بىرلىكىنى قوغداش، رايون ۋە دۇنيانىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقىنى قوغداش، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشتىكى قەتئىي مەيدانى ۋە ئىرادىسىنى تەنتەنىلىك جاكارلىدى، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يېڭى دەۋردە ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇلۇغ روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش، جۇڭگو ئارزۇسى، ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىشقا، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشقا ئىلھاملاندۇردى ۋە رىغبەتلەندۇردى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ھەممە ئىشنى قايتىدىن باشلاشقا، ھەممە كەسىپ ـ ساھەنى قايتىدىن گۈللەندۈرۈشكە توغرا كەلدى، جۇڭگو خەلقى تىنچلىق، خاتىرجەملىكنى چەكسىز ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن، جۇڭگو خەلقىنىڭ بۇ ئارزۇسى قوپاللىق بىلەن خىرىس قىلىشقا ئۇچرىدى، جاھانگىر تاجاۋۇزچىلار ئۇرۇشنى جۇڭگو خەلقىگە مەجبۇرىي تاڭدى. خەتەرلىك جىددىي پەيتتە، چاۋشيەن پارتىيەسى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە ھۆكۈمىتى ئادەتتىن تاشقىرى جاسارەت ۋە شىجائەت بىلەن ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش، يۇرتنى مۇھاپىزەت قىلىپ ۋەتەننى قوغداشتەك تارىخىي خاراكتېرلىك تەدبىرنى چىقاردى. جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئوغۇل ـ قىزلىرىدىن تەشكىللەنگەن جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمى خەلقنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقى، مىللەتنىڭ ئۈمىدىنى زىممىسىگە ئېلىپ، تىنچلىقنى قوغداش، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش ھەققانىيەت بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، چاۋشيەن خەلقى ۋە ئارمىيەسى بىلەن بىرلىكتە، ئىككى يىل توققۇز ئاي مىسلىسىز مۇشەققەتلىك قان كېچىپ جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇلۇغ ئۇرۇشى جاھانگىرلىكنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى، كېڭەيمىچىلىكىگە تاقابىل تۇردى، يېڭى جۇڭگونىڭ خەۋپسىزلىكىنى قوغدىدى، جۇڭگو خەلقىنىڭ تىنچ تۇرمۇشىنى قوغدىدى، چاۋشيەن يېرىم ئارىلى ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇردى، ئاسىيا ۋە دۇنيانىڭ تىنچلىقىنى قوغدىدى. ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تارىخ سەھىپىسىگە مەڭگۈلۈك ئويۇلدى! ئىنسانىيەتنىڭ تىنچلىق، تەرەققىيات، ئالغا بېسىش تارىخ سەھىپىسىگە مەڭگۈلۈك ئويۇلدى!

ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشى ئۇرۇشۇۋاتقان ئىككى تەرەپنىڭ كۈچىدە ئىنتايىن چوڭ پەرق بولغان شارائىتتا ئېلىپ بېرىلغان بىر مەيدان زامانىۋى ئۇرۇش. ئىنتايىن تەڭپۇڭ بولمىغان، ئىنتايىن مۈشكۈل ئەھۋالدا، جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمى چاۋشيەن ئارمىيەسى، خەلقى بىلەن زىچ ماسلىشىپ، ھەيۋەتلىك ۋە قۇدرەتلىك ئۇرۇش ئۇلۇغ نەتىجىسىنى ياراتتى. ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشى مەزگىلىدە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن ۋەزىيەتنى بىرتۇتاش ئىگىلەپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىر نىيەتتە بولۇپ دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بۇ مەيدان ئۇلۇغ كۈرەشكە تىرەك بولۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئۇلۇغ غەلىبە ئارقىلىق دۇنياغا «غەرب تاجاۋۇزچىلىرى نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان پەقەت شەرقتىكى بىر دېڭىز قىرغىقىغا بىرنەچچە زەمبىرەك ئورنىتىسىلا بىر دۆلەتنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋالىدىغان دەۋر كەلمەسكە كەتتى» دەپ جاكارلىدى! بۇ ئۇرۇش، تاغ ـ دەريالارنى ئامان ساقلاپ، ئائىلە دۆلەتكە ئەمىنلىك ئېلىپ كېلىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ زوراۋانلاردىن قورقمايدىغان پولاتتەك ئىرادىسىنى تولۇق نامايان قىلدى. بۇ ئۇرۇش، جۇڭگو خەلقىنىڭ كۆتۈرەڭگۈ جۇشقۇن روھىنى ئۇرغۇتۇپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ھەممە بىر نىيەتتە بولىدىغان قەيسەر خىسلىتىنى تولۇق نامايان قىلدى. بۇ ئۇرۇش، پۈتۈن دۇنيانى جۇڭگوغا يېڭىچە نەزەردە قارايدىغان قىلىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداشتىكى قەتئىي ئىرادىسىنى تولۇق نامايان قىلدى. بۇ ئۇرۇش، خەلق ئارمىيەسىنىڭ جەڭگىۋارلىقى ۋە ھەيۋىسى بىلەن دۇنيانى زىلزىلىگە سېلىپ، باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ جەزمەن غەلىبە قىلىدىغان قەيسەر ئىرادىسىنى تولۇق نامايان قىلدى. بۇ ئۇرۇش، ھەققانىيەتنىڭ جەزمەن زوراۋانلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى، تىنچلىق، تەرەققىياتنىڭ توسۇۋالغىلى بولمايدىغان تارىخ ئېقىمى ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ بەردى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: «ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇلۇغ روھى زامان ـ ماكاندىن ھالقىپ، ۋاقىت ئۇزارغانسېرى يېڭىلىنىپ تۇردى، ئۇنى جەزمەن مەڭگۈ داۋاملاشتۇرۇپ ۋارىسلىق قىلىش، ئەۋلادمۇئەۋلاد ئەۋج ئالدۇرۇش كېرەك.» قايىنام ـ تاشقىنلىققا تولغان ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىدا، قەھرىمان جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمى باشتىن ـ ئاخىر ۋەتەن ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان، ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن كۈرەش قىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى، باتۇر، قەيسەر، پىداكارلىق كۆرسىتىدىغان ئىنقىلابىي قەھرىمانلىق روھىنى، جاپا ـ مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان، باشتىن ـ ئاخىر كۆتۈرەڭگۈ جەڭگىۋارلىقنى ساقلايدىغان ئىنقىلابىي ئۈمىدۋارلىق روھىنى، ۋەتەن ۋە خەلق يۈكلىگەن بۇرچنى تاماملايدىغان، مەردانىلىك بىلەن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى بېغىشلايدىغان ئىنقىلابىي سادىقلىق روھىنى، ئىنسانىيەتنىڭ تىنچلىق ۋە ھەققانىيەت ئىشلىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتەك ئىنتېرناتسىيونالىزملىق روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇلۇغ روھىنى تاۋلالىدى. بۇ ئۇلۇغ روھ تولىمۇ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىق بولۇپ، جەزمەن جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنى بارلىق جاپا ـ مۇشەققەت، خەۋپ ـ خەتەر، توسالغۇلارنى يېڭىپ، بارلىق كۈچلۈك دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشقا رىغبەتلەندۇردۇ. مەيلى دەۋر قانداق تەرەققىي قىلسۇن، بىز ھەممىمىز زوراۋانلاردىن قورقمايدىغان، زوراۋانلىققا قارشى تۇرىدىغان مىللەتنىڭ خىسلىتىنى تاۋلىشىمىز كېرەك، ھەممىمىز ھەممە بىر نىيەتتە بولىدىغان، بىر نىيەتتە كۈچ چىقىرىدىغان مىللەتنىڭ كۈچىنى مۇجەسسەملىشىمىز كېرەك، ھەممىمىز پىداكارلىق كۆرسىتىدىغان، ھاياتلىق ئۈچۈن ئۆلۈمدىن باش تارتمايدىغان مىللەتنىڭ قەيسەرلىكىنى تاۋلىشىمىز كېرەك، ھەممىمىز توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىدىغان، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان مىللەتنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئۇرغۇتۇشىمىز كېرەك.

70 يىل ئىلگىرىكى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇلۇغ ئۇرۇشىنى ئەسلىسەك، نۇرغۇن يېڭى تارىخىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۇلۇغ كۈرەش ئېلىپ باردۇق، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنىڭ پارلاق ئىستىقبالىغا نەزەر سالساق، بىز چەكسىز قەيسەرلىككە، چەكسىز ئىشەنچكە تولىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىز شۇنى چوڭقۇر بىلىمىزكى، ئالغا ئىلگىرىلەش يولى ئوڭۇشلۇق بولۇۋەرمەيدۇ، يەنىلا تۈرلۈك خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلارغا دۇچ كېلىمىز، تۈرلۈك ئەگرى ـ توقايلىقلارغا دۇچ كېلىمىز. بىز يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇلۇغ روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، مەردانە، غەيرەت ـ شىجائەتلىك بولۇپ، كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، كۈرەش قىلىشقا ماھىر بولۇپ، قىيىنچىلىققا پىسەنت قىلماي ئىلگىرىلەپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇپ چىقىش يېڭى مۇساپىسىگە قاراپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا قاراپ داۋاملىق جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيلى!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىدىن لېكسىيە سۆزلىدى

# ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، قەلبلەرگە سىڭىشىشى، ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **جاۋ جىيۈن، لياڭ لىخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن 23 ـ كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى شۈ خەيرۇڭ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى تيەن ۋېن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىدىن لېكسىيە سۆزلىدى.

10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، شۈ خەيرۇڭ ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى كادىرلارغا لېكسىيە سۆزلىدى. شۈ خەيرۇڭ 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى زىچ چۆرىدەپ، تارىخنى رېئاللىق بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئالتە جەھەتتىن ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق، چوڭقۇر، چۈشىنىشلىك قىلىپ شەرھلىدى، چۈشەندۈردى. شۈ خەيرۇڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى ياخشى تۇتۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى جاسارەت بىلەن ياخشى پۈتۈش كېرەك. يىغىن روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، مۇھىم ئورۇنغا قويۇش كېرەك. چوڭقۇر ئۆگىنىپ، رەھبەرلەر باشلامچىلىق بىلەن ئۆگىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، روھىي ماھىيىتىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، قەلبلەرگە سىڭىشىشى، ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك؛ كەڭ تەشۋىق قىلىپ، لېكسىيە پائالىيەتلىرىنى قاتلاملارغا ئايرىپ، تۈرگە ئايرىپ قانات يايدۇرۇپ، كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدۇرۇپ، قۇدرەتلىك ئاكتىپ كۈچنى مۇجەسسەملەش كېرەك؛ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قاتتىق تۇتۇپ، ھازىرقى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى قىلچە بوشاشتۇرماي ياخشى تۇتۇپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، مۇقىملىقنى قوغداش قاتارلىق خىزمەتلەرنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ شىنجاڭدا ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، ئەركىن تۇنىياز مەدەنىيەت، ساياھەت، يېزا ئىگىلىكى، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ـ باشقۇرۇش، مېتېئورولوگىيە قاتارلىق سىستېمىلاردىكى كادىرلارغا لېكسىيە سۆزلىگەندە مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، ئىتتىپاق ـ ئىناق، ئاۋات ـ باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان، ئېكولوگىيەسى ياخشى بولغان يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىش كېرەك. ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىشنى سىجىل چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، رەھبىرىي كادىرلار باشلامچىلىق بىلەن ئۈلگە بولۇپ، پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ ھەممىسى سۆزلەپ، ھەممە ئائىلىنىڭ خەۋەردار بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك تارماقلىرى ئومۇميۈزلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بىلەن يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ ئالغا سىلجىتىپ، «1 ـ كەسىپنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىنچىكە پىششىقلاشنى ئالغا سىلجىتىپ، كەسىپ زەنجىرى، قىممەت زەنجىرىنى ئۇزارتىشى كېرەك. مەدەنىيەت ـ ساياھەت تارماقلىرى شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، شىنجاڭنىڭ تارىخىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرىدىغان، مول جۇڭخۇا مەدەنىيىتى ئاساسىغا ئىگە، ئەمما ياقتۇرىدىغان بىر تۈركۈم نادىر ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى مەكتەپلەرگە كىرگۈزۈش، ئۇنىمىلگەن ئائىلىلەرگە كىرگۈزۈشكە تۈرتكە بولۇشى؛ ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىگە زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇپ، تەشۋىق قىلىش، تونۇشتۇرۇش سالمىقىنى زورايتىپ، ساياھەتچىلىكنىڭ قايتا جانلىنىشىنى تېزلىتىپ، قىش، ئەتىياز پەسىللىك ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك. جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ـ باشقۇرۇش، مېتېئورولوگىيە قاتارلىق تارماقلار ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش سىستېمىسى ۋە ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، تەبىئىي ئاپەتنى كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش ۋە ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ۋە 22 ـ كۈنى، تيەن ۋېن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىدىكى بارلىق كادىرلار، دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان كادىرلار ھەمدە ئاپتونوم رايوننىڭ تەشۋىقات، مەدەنىيەت سىستېمىسىدىكى مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلارغا 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىدىن لېكسىيە سۆزلىدى. تيەن ۋېن 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈش، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇش، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىدىكى مۇھىم، زور تەدبىرلەرگە پۇختا تۈرتكە بولۇش، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى كۈچلۈك سىياسىي كاپالەت بىلەن تەمىنلەش، يۈكسەك سىياسىي ئاڭلىقلىق، ئىدىيە ئاڭلىقلىقى، ھەرىكەت ئاڭلىقلىقى بىلەن ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ئاڭلىق ياخشى تۇتۇش قاتارلىق جەھەتلەردىن يىغىن روھىنى ئەتراپلىق شەرھلىدى ۋە چۈشەندۇردى. تيەن ۋېن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يىغىن روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. ئەينەن، خەتمۇخەت، جۈملىمۇجۈملە ئۆگىنىپ، ئۆگىنىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، قەلبلەرگە سىڭىشىشى، ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. ھەرقايسى ئاخبارات ۋاستىلىرى كۆڭۈل قويۇپ پىلانلاپ، مۇھىم ئورۇن، ۋاقىت بۆلىكىدە مەخسۇس ئىستون، مەخسۇس تېما ئېچىپ، يىغىن روھىنى چوڭقۇر، كەڭ دائىرىدە چۈشەندۈرۈشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك تەشۋىقات تارماقلىرى مول مەزمۇنلۇق، كۆپ خىل شەكىلدىكى لېكسىيەلەرنى تەشكىللەپ، يىغىن روھىنىڭ كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، خىزمەت لايىھەسى تۈزۈپ، ۋەزىپىلەرنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، پارچىلاپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ شىنجاڭدا ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

# مەملىكەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ئىلغارلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن سەييارە دوكلات بېرىش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، گوۋۇيۈەن نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىرى شيا گېڭشېڭ يېتەكچىلىكىدىكى مەملىكەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ئىلغارلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن سەييارە دوكلات بېرىش 4 ـ ئۆمىكى ئۈرۈمچىدە ئىلغارلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن دوكلات بەردى.

دوكلات بېرىش يىغىنىدا، شيا گېڭشېڭ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 7 ـ قېتىملىق دۆلەت نامراتلارنى يۆلەش كۈنى يېتىپ كېلىش پەيتىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتى توغرىسىدا بەرگەن مۇھىم يوليورۇقى ۋە زۆڭلى لى كېچياڭنىڭ تەستىقى يوليورۇقىنى يەتكۈزدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشانى بويىچە ئۆلچەمگە توغرىلىنىپ، قانۇن ـ نىزامغا توغرىلىنىپ، «تۆتنى تاشلىماسلىق» تەلىپىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش كېرەك. تىپلارنىڭ يېتەكلەش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك، تۈرلۈك ياردەم بېرىش ـ يۆلەش سۇبيېكتلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە ئۇلارنى ئاسراپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ئاكتىپ كۈچنى قوزغىتىش كېرەك.

دوكلات بېرىش ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرىدىن زى گۈيشىن، لۇڭ خۇي، لىيۇ شۇاڭيەن، گو شياۋرۇڭ، دەنزېڭ چېڭلېي، يۈەن شياڭدىڭ، لىڭ جۈجېن ئۆزلىرىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بىرىنچى سېپىدىكى كەچۈرمىشلىرى، تىپىك تەجرىبىلىرىنى سۆزلەپ، نەق مەيداندىكىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

دوكلات بېرىش يىغىنى سىن يىغىنى شەكلىدە يېزا ـ بازار دەرىجىلىككىچە ئېچىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز دوكلات بېرىش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن مۇتەللىپ قاسىم، مۇتەللىپ ئوبۇل، كۇڭ شىڭلۇڭ دوكلات بېرىش يىغىنىغا قاتناشتى.